# 118037 ـ ئىسلامدا تاھارەتنىڭ يولغا قويۇلىشىدىكى ھېكمەت توغرىسىدا

**سوئال**

ئەھلى كىتاپلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن سورايمەن: تاھارەتنىڭ مەنىسى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئالىمىز؟. بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئىسلام پىرىنسىپىنىڭ بۇيرىغان ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدا ھېچ قانداق قىيىنچىلىقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىنى، بىلگەن بىلىمى ھېكمەت ئىزدەيمەن دەپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قىلىشتىن ئىللەت ـ سەۋەپلەرگە قاراپ قىلىشتىن چەكلەيدۇ. مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى چۈشەنمىگەن جاھىل كىشىلەرلا ئىسلام پىرىنسىپىنىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىدە قىيىنچىلىق بار دەپ قارايدۇ.

ئەگەر بىر ئىنسان بىر دوختۇرغا مۇتلەق ئىشەنچ قىلسا، ئاندىن ئۇ دوختۇر كېسەللىكتىن ساقلىنىش ۋە ساغلاملىق سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ كىشى دوختۇرنىڭ تەۋسىيەلىرىگە بويسۇنىدۇ، بۇيرىغىنىنى ئورۇندايدۇ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئىشەنچ قىلىپ ھاياتىنى تاپشۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ: شەرىئەت نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە بۇ سۆزنى قىلدى، بۇنىڭغا بۇيرىدى ۋە ئۇ جايدا بۇنىڭدىن چەكلىدى دەپ تۇرۇپ ئويلىنىپ باقمايدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

ئاللاھ ئۈچۈن ئالى مىساللار بولسۇن، بىزنىڭ رەببىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ھىلقى ئىنساننىڭ دوختۇرغا بولغان ئىشەنچىسىگە ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، (ئۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن). ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ ئارىسىنى ۋە ياراتقۇچى خالىق بىلەن يارىتىلغۇچى مەخلۇقنىڭ ئارىسىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟!.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ "شەرىئەتنىڭ تاھارەتنى يولغا قويۇشىدىكى ھېكمەت ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ئاخىرىدا دېگەن سۆزى بۇنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئەبقەرات ۋە ئۇنىڭ قۇيرۇقلىرى مۇشۇنداق بىر سۆزنى تەۋسىيە قىلسا: ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە بويسۇناتتى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ كۆككە كۆتۈرەتتى، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدا ۋە ھېكمەتلەرنى نامايەندە قىلاتتى". ["كېسەلنىڭ شىپاسى" 230-بەت].

ئىككىنچى: تاھارەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى توغرىسىدىكى ھېكمەتلەرگە كەلسەك، ئۇ ئىنتايىن كۆپ، بىز تاھارەتتىن: تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسلە قىلىش ئارقىلىق پاكىنا، نىجاسەتلەردىن پاك بولۇشنى مەقسەت قىلىمىز، بۇ ھېكمەتلەردىن:

1–تاھارەت دېگەن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ياراتقان توغرا پىترەت–تەبىئەتكە مۇۋاپىقتۇر، ئىسلام دىنىنىڭ پىترەت–تەبىئەت دىنى ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق، پىترەتتىكى تەبىئى سۈننەتلەردە ئۇنىڭدىن قىلىدىغانلىرىنى تەكىتلەش ۋە تەرك قىلىنىدىغانلىرىدىن يىراق بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى، يۈزىنى يۇيۇش، بۇرنىنى تازىلاش، ئېغىزىنى تازلاش، ئىككى قولىنى يۇيۇش، يۇيۇنۇش ۋە ئىستىنجا قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى يولغا قويىدىغان بىر شەرىئەتكە ئېھتىياجلىق بولمايدۇ، بەلكى ساغلام تەبىئەتلىك ئىنسانغا ئاشۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى تازىلاش، ئۇنى پاسكىنا، نىجىس نەرسىلەردىن يىراق قىلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ.

2–ئىسلام پاكىزلىق ۋە گۈزەللىك دىنىدۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا بەدەنلىرى پاكىز، چاچلىرى تارالغان، كىيىملىرى رەتلىك ۋە پاكىزە بولىشى، بەدىنىدىن خۇشپۇراقلارنىڭ تارىلىپ تۇرىشىغا ئوخشاش گۈزەللىكلەرگە تەۋسىيە قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىشلارنى لازىم تۇتقان كىشىلەر بارلىق ئىنسانلارنىڭ قىزىقىش ۋە ئەجەپلىنىش نۇقتىسىغا ئايلىنىدۇ، بۇ ئىش ئۇلارنى مۇشۇ كاتتا دىن ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان دەۋەت ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭدەك، ئىنسانلارنىڭ قەلبىمۇ بەدىنى ۋە كىيىمى پاكىز بولغان ئېسىل كىشىلەرگە مايىل بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئىنسان تەبىئىتى بەدىنى ۋە كىيىمى پاسكىنا، مەينەت كىشىلەردىن يىراق بولىدۇ، پاكىز بولماسلىق ئىسلامدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

3–داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يېڭى ئىلمى تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پاكىزلىق ۋە تاھارەت دېگەن ئۆز ساھىبىنى تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلايدۇ، پاسكىنىلىق بولسا نۇرغۇن كېسەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ، بۇنداق بولغان ئىكەن ئىسلامدىن ئىبارەت مۇقەددەس دىن ئۆزىنىڭ پىرىنسىپلىرىدا كېسەللىكتىن ساقلىنىشقا ياردىمى بولىدىغان ۋە كېسەلنىڭ تارقىلىشىنى چەكلەيدىغان تاھارەتتىن ئىبارەت پاكىزلىقنى نېمە دەپ يولغا قويمايدىكەن؟!.

4–مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ رەببىگە مۇناجات قىلىش ئۈچۈن ئۇچرىشىدۇ، ئۆزىنىڭ پادشاھى، رەئىسى، مۇدىرى ياكى چوڭلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بەدىنىنىڭ، كىيىمىنىڭ پاكىزلىقى، خۇشپۇراقلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان بۇ شەكىلدە ئۇچرىشىشلىرىنى ئىسلام چەكلىمەيدۇ، بەلكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئەلچىلەر، ۋەكىللەر كەلگەندە شۇنداق قىلاتتى، بۇ پاكىزلىقنى ھەممىدىن كاتتا بولغان زات بىلەن ئۇچراشقاندا تېخىمۇ زىيادە قىلىشىمىز كېرەك، بىز ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ۋاقىتتا بەدىنىمىزنىڭ ۋە كىيىمىمىزنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ھېرىس بولىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ۋاقىتتا پاكىزلىققا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ھېرىسمەن بولىشىمىز ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياكى ئۆزلىرىدىن كاتتا بولغان مەخلۇقلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغاندا پاكىزلىققا بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ؟!.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېتىقاندەك، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە پاكىز ھالەتتە ھوزۇرىدا بولۇشقا ئاللاھ تائالا بەك ھەقلىقتۇر. ["سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە" 766–ھەدىس].

5–شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئويلانغان، ئاللاھ تائالا ساغلام چۈشەنچە ئاتا قىلغان كىشى ئىسلامدىكى تاھارەتنىڭ يوللىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىشقا قادىر بولالايدۇ، بۇ يەردە جۇنابەتتىن غۇسلە قىلىشنىڭ ھۆكمى بار، كىچىك تەھارەتسىزلىكتىن غۇسلە قىلىنمايدۇ، بۇ يەردە تاراھەت بىلەن غۇسلىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "شەرىئەتنى يولغا قويغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيدۈكتىن ئەمەس بەلكى مەنى چىقسا يۇنىڭدىن يۇيۇنۇشقا بۇيرىغان، بۇ شەرىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل تەرىپىدۇر، بۇ رەھمەت، ھېكمەت ۋە مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى مەنى دىگەن بەدەننىڭ ھەممە يېرىدىن چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇنى "سۇلالە"–نەسىل–دەپ ئاتىغان، چۈنكى ئۇ پۈتۈن بەدەننىڭ ھەممە يېرىدىن ئېقىپ كېلىدۇ، ئەمما سۈيدۈك بولسا، ئۇ يىمەك–ئىچمەكنىڭ قالدۇقىدۇر، ئۇنىڭ ئاشقازاندا ۋە تاش بۆرەكتە بولىشى مۇمكىن ئەمەس، بەدەننىڭ سۈيدۈك چىقىشتىن بولغان تەسىرىدىن مەنى چىقىشتىن بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

يەنە: مەنى چىقىش بىلەن يۇيۇنۇش، بەدەنگە، قەلبكە، روھقا بەك پايدىلىقتۇر، بەلكى بەدەندە تۇرغۇچى روھلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇنۇش بىلەن كۈچلىنىدۇ، يۇيۇنۇش مەنى چىقىش بىلەن بوش قالغان ئورۇنلارنى تولدۇرىدۇ، بۇ ھېس–تۇيغۇلار بىلەن بىلىنىدىغان ئىشلاردۇر.

يەنە: جۇنابەت دىگەن بەدەنگە ھورۇنلۇق ۋە ئېغىرچىلىق پەيدا قىلىدۇ، يۇيۇنۇش جۇشقۇنلۇق ۋە يەڭگىللىك پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا: " گوياكى ئۈستۈمدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك بولدۇم" دىگەنگە ئوخشاشتۇر.

ئومۇمەن: توغرا تەبىئەتلىك ۋە ساغلام تۇيغۇ ساھىبى بولغان كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تاپالايدۇ، جۇنابەتتىن يۇيۇنۇشنىڭ بەدەن ۋە قەلبكە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى قاتىدىغان مەنپەئەتلەرنى ماڭدۇرىدىغان نەرسىنىڭ ئورنىدا ماڭدىغانلىقىنى بىلىدۇ، جۇنابەت يۈز بېرىش بىلەن قەلب ۋە روھنىڭ پاكىز روھلاردىن يىراق بولماقلىقى بىلەن يۇيۇنغان ۋاقىتتا ئاشۇ يىراقلىق يوق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ساھابىلار مۇنداق دەيدۇ: بەندە ئۇخلىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ روھى ئۆرلايدۇ، ئەگەر پاك بولغا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، ئەگەر جۇنۇپ بولسا، ئۇنىڭ سەجدە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ"، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇپ ئادەمنى ئۇخلىغاندا تاھارەت ئېلىپ ئۇخلاشقا بۇيرىغان.

پەزىلەتلىك دوختۇرلار شۇنداق دەيدۇ: جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنۇش بەندەنگە قۇۋۋەتنى قايتۇرىدۇ، جىما سەۋەبىدىن بوش قالغان ئورۇنلارنى تولدۇرىدۇ، يۇيۇنۇش بەدەنگە ۋە روھقا ئەڭ پايدىلىق بولۇپ، جۇنۇپ ھالەتتە قېلىش بەندەنگە زىيانلىقتۇر، يۇيۇنۇشنىڭ ياخشىلىقىغا ئەقىل ۋە پىترەتنىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئەگەر شەرىئەت سۆيدۆكتىن كېيىن يۇيۇنۇشنى يولغا قويغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئۇممەتكە كاتتا مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ تاھارەتنى يولغا قويۇشىدىكى ھېكمىتىنى، بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى ۋە ئېھسانىنى چەكلەپ قوياتتى".

["ئىئلامىل مۇقىئىين" 2-توم 77-78-بەت].

يەنە تاھىر ئىبنى ئاشۇرانىڭ: "ئەتتەھرىر ۋەتتەنۋىر" 5-توم 65-بەتكە قارالسۇن.

6-ئىسلامدا زاھىر بىلەن باتىننىڭ يەنى بەدەننىڭ سىرتقى تەرىپى بىلەن روھى تەرىپىنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك ئالاقە بولىدۇ، ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە كىيىمىنى پاسكىنا، نىجاسەتلەردىن پاكىز تۇتۇشقا ھېرىسمەن بولغان كىشى قەلبىنى ناچار ئەخلاقلاردىن پاكلايدۇ، بەدىنى ۋە كىيىمىنى گۈزەل قىلغانلىق ئۇ كىشىنىڭ رۇھى تەرىپىنىڭمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىسلام سىرتقى كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ رۇھى تەرەپكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن كۆز يۇممايدۇ، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گۈزەل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئىنسان سىرتقى تەرىپىنى گۈزەللەشتۈرۈشتىن ئۆزۈرلۈك بولسا، روھى تەرىپىنى گۈزەللەشتۈرەلمەسلىكتىن ئۆزۈرلۈك ھېساپلانمايدۇ، ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىك ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ توغرىدا ئاللا تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ الله يُحِبُّ التوابين وَيُحِبُّ المتطهرين تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ» [سۈرە بەقەرە 222-ئايەت].

7-سۆزىمىزنى ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ كۆپ مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنۇ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز: شەرىئەتنىڭ يوللىرى، ۋاستىلىرى ۋە غايىلىرىنى ئويلىنىپ بېقىڭ، ئۇنى، مەقسەت قىلىنغۇچى ھېكمەتلەر ۋە يولغا قويۇلغان ماختالغۇچى غايىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى تاپىسىز. ئەگەر شەرىئەت بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئىنسانلار چارۋىلارغا ئوخشاش بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ناچار بىر ھالەتكە كېلىپ قالاتتى، تاھارەتتە ھېكمەتلەر بار، قەلبىكە، بەدەنگە مەنپەئەتلەر بار، قەلبىنى خۇرسەن قىلىدۇ، ئەزالارنى جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ، تەبىئەت ۋاجىپ قىلغان ئېغىرچىلىقلارنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ، نەپسىنىڭ ئىززىتىنى قارشىلىق قىلىشنىڭ كىرلىرىدىن يىراق قىلىدۇ، ئۇ قەلبىنى، بەدەننى ۋە رۇھنى پاكىزلايدۇ، جۇنابەتتىن يۇيۇنۇشتا بەدەننىڭ سىلىقلىقى ۋە يۇمشاقلىقى زىيادە بولىدۇ، بوش قالغان ئورۇنلارنى تولۇقلايدۇ ۋە نۇرغۇن ئىشلارغا پايدىسى بولىدۇ.

تاھارەت ئالغاندا بەدەننىڭ ئىش-ئەمەل قىلىدىغان ئەزالىرىنى يۇيۇشنى ئويلىنىپ بېقىڭ، يۈزدە ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش، پۇراش، تېتىش قاتارلىق ئەزالارنى قىلدى، بۇ بارلىق گۇناھ-مەسىيەتنىڭ ئىشىكىدۇر، گۇناھ-مەسىيەتكە بۇنىڭدىن كىرىدۇ، ئاندىن ئىككى قولنى قىلدى، ئىككى قول بولسا ئىنساننىڭ ئىككى تەرىپى، ئىككى قانىتىكى ئۇنىڭ بىلەن تۇتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئالىدۇ ۋە بېرىدۇ، ئاندىن ماڭىدىغان ۋە يۈرىدىغان ئىككى پۇتنى قىلدى.

بېشىنى يۇيۇشتا كۆپ قىيىنچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بېشىنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا مەسىھ قىلىدىغان قىلدى، ئاشۇنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يۇيۇلغان ئورۇنلاردىن خاتالىقنى چېقىپ كېتىدىغان قىلدى، ھەتتا بەدەن مويلىرىدىكى ئاخىرقى تامچە سۇ بىلەن

خاتالىقلىرى يۇيىلىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ياكى مۆمىن بەندە تاھارەت ئالسا، يۈزىنى يۇسا، ئۇنىڭ يۈزىدىن ئىككى كۆزى بىلەن بىرگە قارىغان خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇش بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كىتىدۇ، ئىككى قولىنى يۇسا، ئىككى قولىدىن شۇ قولى بىلەن تۇتقان خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇش بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئىككى پۇتىنى يۇغاندا، ئىككى پۇتى بىلەن ماڭغان خاتالىقىنىڭ ھەممىسى يۇيۇش بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇ كىشى گۇناھتىن پاك بولىدۇ». [مۇسلىم رىۋايىتى].

سەھىھ مۇسلىمدا بايان قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى گۈزەل شەكىلدە مۇكەممەل تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەممە خاتالىقلار چىقىپ كېتىدۇ ھەتتا تىرنىقىنىڭ ئاستىدىكى خاتالىقلار بولسىمۇ چىقىپ كېتىدۇ». مانا بۇ تاھارەتنىڭ ئەڭ كاتتا ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرىدىن بىرىدۇر.

شەرئىي ھۆكۈمدىكى ھېكمەتلەرگە ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: تاھارەت دېگەن: مۇشەققەتلىك، قىيىن بولغان، ئۇنىڭدا ھېچ پايدا بولمىغان ۋە ھېكمەت يولغا قويۇلمىغان بۇيرۇقتۇر، ئەگەر ئۇنىڭدا ھېچ پايدا، ھېكمەت بولمىغاندىمۇ، ئۇ قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا يۈزلىرى، قول-پۇتلىرىنىڭ ئەتراپلىرى نۇرلىنىپ ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، باشقا ئۈممەتكە نېسىپ بولمىغان بەلگە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بەلگىسى ۋە ئالامىتىدۇر. ئەگەر تاھارەت ئېلىشتا ھېچ پايدا، ھېكمەت بولمىغاندىمۇ تاھارەت ئالغۇچى بەدىنىنى سۇ بىلەن تەۋبە بىلەن قەلبىنى پاكىزلاپ رەببى بىلەن مۇناجات قىلىش، رەببىنىڭ ئالدىدا تۇرۇش ئۈچۈن بەدىنى پاك، كىيىمى پاك ۋە قەلبى پاك ھالەتتە بولۇشقا تەييارلىق قىلىشتۇر، بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ھېكمەت، رەھمەت ۋە مەنپەئەت بولامدۇ؟!.

شەھۋەت بەدەننىڭ ھەممىسىدە ھەتتا ھەر بىر تال چاچنىڭ ئاستىدىمۇ ماڭغانلىقى ئۈچۈن، جۇنابەتتىن يۇيۇنۇشتا شەھۋەت ماڭغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى يۇيىلىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر تال چاچنىڭ ئاستىدا جۇنابەت بار». سۈننەت ساھىپلىرى رىۋايەت قىلغان، زەئىپ ھەدىس.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر بىر تال چاچنىڭ ئەسلىگە سۇ يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان، بۇنىڭ بىلەن شەھۋەتنىڭ ھارارىتى تۆۋەنلەيدۇ، كۆڭلى تەسكىن تاپىدۇ، دىلى ئاللاھنىڭ زىكرى، قۇرئان تىلاۋىتى ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇش بىلەن خاتىرجەم بولىدۇ". ["كېسەلنىڭ شىپاسى" 229-230-بەتلەر].

ھارقانداق ھالەتتە: شەرئەت ھۆكۈملىرىنى ئويلانغان كىشىگە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرى ئېنىق بولىدۇ، ئاللاھ قەلبىنى كۆر قىلىۋەتكەن كىشى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان نەرسىلەردىن مەنپەئەتلىنەلمەيدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، تاھارەت دېگەن گۈزەل ئەخلاقلاردىن بولۇپ، بۇ ئىسلامدىن بۇرۇنقى (ساغلام) شەرىئەتلەردىمۇ ھېچ ئىختىلاپ بولمىغاندۇر.

شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىمىزكى، ھەر قانداق ئەلچى ئۆز قەۋمىنى ئالدى بىلەن قەلبىنى شېرىكنىڭ (بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ) كىرلىرىدىن پاكىزلاشقا چاقىرغان، ئاندىن ئىنسانلارنى گۈزەل سۆزـھەرىكەتلەر، ئېسىل ئەخلاقلارغا، كىيىمىنى، بەدىنىنى يۇيۇش ۋە تاھارەت ئېلىش بىلەن پاكىز تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان، پاسكىنا ۋە نىجىس نەرسىلەرنى يوق قىلىشتا ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرنىڭ ھېچ بىرىدە ئىختىلاپ يوق، ھەممىسى ئۇنى يوق قىلىشنى يولغا قويغان، بۇ توغرىدا جىدەللەشكەن ۋە مۇنازىرە قىلغان كىشى باتىل بىلەن جىدەللەشكەن بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.